يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

ئامباردا ھەقسىز ساقلاشتىن نەپكە ئېرىشىش ئېلېكترونلۇق سودا ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىلىنىش

شىنجاڭ شىۋ جۈەنچى تور پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئالدىنقى يېرىم يىلدا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنىڭ 50 مىليون يۈەندىن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى

تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى قوغداش ⑤

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خې خۇڭۋېي

«ئوخشاش بولمىغان بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئېھتىياجى، ئوخشاش بولمىغان ئەمەلىي قوللىنىش سورۇنىغا قارىتا، بىۋاسىتە كۆرسىتىشكە ئېھتىياجلىق ئۈسكۈنىلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ...» 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىنجاڭ شىۋ جۈەنچى تور پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى تەربىيەلەش بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ چياڭ يىراق مۇساپىلىك تەربىيەلەش ئارقىلىق، كۇرسانتلارغا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۈسكۈنىلىرىگە بولغان تونۇشى ھەم ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

كۆپ قېتىم تەربىيەلەشكە قاتناشقان ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ جامالتىبرەك يېزىسى سەككىز ئېرىق كەنتىدىكى كۇرسانت پاتىگۈل مەمەتنىڭ ھازىر 2000دىن ئارتۇق مەستانىسى بار. «بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى دەسلەپتە باشلىغاندا ئىشەنچىم يوق ئىدى، تەربىيەلەش مېنىڭ ئېلېكترونلۇق سودىغا بولغان چۈشەنچەمنى چوڭقۇرلاشتۇردى، شۇنداقلا بارغانسېرى ئۆزۈمگە ئىشىنىدىغان بولدۇم» دېدى پاتىگۈل.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شىنجاڭ شىۋ جۈەنچى شىركىتى توردا تەربىيەلەش يولىنى ئاچتى، ھەرقايسى جايلاردىكى كۇرسانتلار ئۆيىدە توردىن پايدىلىنىپ، ھەر ۋاقىت ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىنى ئۆگىنەلەيدىغان بولدى.

بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى لى لۇيۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىركىتىمىزنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى كوللېكتىپى تۇرپان، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قومۇل قوغۇنى، ئاق ئۆرۈك قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 16 ناھىيە، شەھەردىكى 60تىن ئارتۇق كارخانىنى ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىشكە قاتنىشىشقا 21 مەيدان قېتىم تەشكىللەپ، 13 ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت مەركىزىگە تايىنىپ، تور ۋە تور سىرتىدا ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە 11 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنىڭ 50 مىليون يۈەندىن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

نەتىجە كۆپ تەرەپنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ يىل يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون كۆپ خىل تەدبىر چىقىرىپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى. كارخانىلار دۇچ كېلىۋاتقان ئامبار كۆلىمى يېتىشمەسلىك، مەبلەغ بېسىمى ئېغىر بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا قارىتا، ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كەسپلەر باغچە رايونلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئامباردا ھەقسىز ساقلاش بىلەن تەمىنلىدى، شۆبە ئامبار قۇردى، شىۋ جۈەنچى شىركىتى شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش سودا بازىرى ئەتراپىدا مەركىزىي ئامبار قۇرۇپ، ئامباردا ساقلاش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. مەبلەغ قىيىنچىلىقىغا قارىتا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كرېدىت كەسپى «يېشىل يولى» ئېچىپ، قەرز بېرىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، توردا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن قوللاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

لى لۇيۇ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش بىردىنلا گەۋدىلەندى، ئاساسىي قاتلام بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودا تەرەققىياتى تېزلىتىش كونۇپكىسىنى باستى. بۇ يىل بىز ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر تۈركۈم يېزا ـ كەنتلەردە ئېلېكترونلۇق سودا ئىختىساسلىقلىرى قوشۇننى يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىدۇق، تاۋباۋدا بىۋاسىتە كۆرسىتىش، دوۋيىن، كۈەيشوۋ قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىدىن 100 مەيدان تاماملاپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودىسى بىلەن زىچ يۇغۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىمىز».

[سىياسەت] بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى سەككىز جەھەتتىن ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودىسىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سالمىقىنى زورايتىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتتى؛ تور چولپىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا يېڭى كەسپ ھالىتى ئارقىلىق، «كىچىك ھەم مۇكەممەل» بولغان رايون تور يېڭى سۈپەتلىك ماركىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تور ئىستېمالىنى كېڭەيتتى؛ «بىر، ئون، يۈز، مىڭ» قۇرۇلۇشى(بىر بىۋاسىتە كۆرسىتىش بازىسىنى بەرپا قىلىش، ئون نۇقتىلىق بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇبيېكتىنى يۆلەش، 100 نۇقتىلىق تاۋارنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىپ، 1000 بىۋاسىتە كۆرسىتىشتىكى ئاكتىپ شەخسنى يېتىشتۈرۈش)غا تۈرتكە بولدى؛ بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودا ئالماشتۇرۇشى، مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودا ئومۇمىي كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

[ئەمەلىيلەشتۈرۈش] لى لۇيۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز ئېلېكترونلۇق سودا ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق مەبلەغ مەددىتىدىن بەھرىمەن بولدى، نۆۋەتتە يوپۇرغا ناھىيەسى، ئاقچى ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۆيى تەسىس قىلدى ھەم تەربىيەلەش ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، نامرات ئائىلىلەر، يۇرتىغا قايتقان داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە يېزا ـ بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا قارىتا ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى تاۋار تەقسىملەپ يەتكۈزۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ كۆكتات توپ سېتىش بازارلىرى، سودا سارايلىرى، سودىگەرلەر، كەچلىك بازار قاتارلىق تور سىرتىدىكى ئەمەلىي گەۋدىلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «ئۇچراشمايدىغان ئىستېمال»نىڭ مەھەللىلەرگە كىرىش يولىنى ئاچتى. شىنجاڭ شىۋ جۈەنچى شىركىتىمۇ نەزەرىنى مەھەللىدىكى پارچە سېتىش ئېلېكترونلۇق سودا بۆلىكىگە ئاغدۇردى، بۇ يىل «جۇبېي ئۆمىكى» مەھەللىدە پارچە سېتىش يولى بەرپا قىلدى. «بىز مەھەللىدىكى دۇكان ـ تاللا بازىرى، يېزا ـ كەنت دۇكانلىرىنىڭ بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەھەللىنىڭ پارچە سېتىش ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنى ئاچتۇق، نۆۋەتتە كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 180 مىڭ يۈەنلىك سېتىش سوممىسى ئىشقا ئاشتى» دېدى لى لۇيۇ.

ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا كۆپرەك ياردەم بېرەيلى

تيانشان مۇلاھىزىسى

☐ يۈ يەنيۈن

يۇقۇم مەزگىلىدە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلاردىن بىردەك قەرزنى قايتۇرۇۋالماي، قەرزنى ئۈزۈپ قويماي، قەرزنى باستۇرۇپ قويماي، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنى 10% تۆۋەنلەتتى؛ شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىشلەمچىلەرگە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىلدى... يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى مالىيە، پۇل مۇئامىلە، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدىغان كۆپ تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى چىقاردى، بۇ ئېنىقكى، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا ياردەم بەرگەنلىك بولۇپ، قەھرىتان سوغۇقتا كۆمۈر بەرگەنگە، يامغۇردا كۈنلۈك يەتكۈزگەنگە ئوخشاشتۇر.

ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ئىقتىسادنىڭ «قىل قان تومۇرى»، دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ جانلىق بازار سۇبيېكتى بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش، كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرماقتا ھەم مىليونلىغان ئائىلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. ھالبۇكى، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز. ئەگەر «قىل قان تومۇر» زەربىگە ئۇچراپ يىگىلەپ كەتسە، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى تەسكە توختايدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆپرەك ھەل قىلىش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن كۈچ توپلاشتۇر.

بۇ يىلدىن بۇيان، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش، ئادەم ئىشلىتىش قىيىن بولۇش، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش قىيىن بولۇش، سېتىش قىيىن بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، ئېھتىياجنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەر بىلەن كارخانىلارنىڭ مەبلەغ، ئادەم ئىشلىتىش، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق جىددىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، بارغانسېرى كۆپ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تىجارەت بېسىمىنى يېنىكلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈرۈشۈشىنى پەيدىنپەي نورماللاشتۇردى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىر قىسىم كارخانىلارنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىشتىكى يەنە بىر قېتىملىق كەسكىن سىناققا دۇچار قىلدى. مۇشۇنداق قىيىن پەيتتە، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، قىيىنچىلىقتا قالغان كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەزمۇن بولۇپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتتە تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇش، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) 641 مىليارد 280 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.3% ئاشقان. بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، خەۋپ ئىچىدە پۇرسەت بار، بىز خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرالايمىز. شۇڭا بىز ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بولۇپمۇ «دەل جايىدا بولۇش»قا كۈچ سەرپ قىلىپ، سىياسەتنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈش، «بىرگە بىر» مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى كۆپرەك قوللىنىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىجارە ھەققى، باج ـ ھەق، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كونكرېت قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

ئاساسىي كۈچ ساقلاپ قېلىنسا، كېيىنكى ئىشلاردىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. يۇقۇمنىڭ تەسىرى ۋاقىتلىق، سىرتتىن كېلىدۇ، ئۇنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشنىڭ چېكى بولمايدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى ئاسراپ، قەھرىتان سوغۇقتا كۆمۈر بەرگەن، يامغۇردا كۈنلۈك يەتكۈزگەندەك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتتا يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ھەقىقىي قوزغىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يېڭىدىن داشۆگە كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوپۇسنى يۆتكەش رەسمىيىتى «ئۇچراشماي» بېجىرىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئوقۇش باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىر قىسىم يېڭى ئوقۇغۇچىلار نوپۇسنى يۆتكەشكە ئېھتىياجلىق. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نوپۇس باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىنىڭ جېڭۋېيى جىن جېن مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، پۈتۈن شەھەر بويىچە نوپۇس ئىشلىرى كۆزنىكىدە «ئۇچراشماي» مۇلازىمەت قىلىش يولغا قويۇلدى، ئامما ئالقاندا بېجىرىش، توردا بېجىرىش، تېلېفوندا بېجىرىش، پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېجىرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، نوپۇس يۆتكەش كەسپىنى بېجىرسە بولىدۇ.

ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوپۇسنى يۆتكەش كەسپىنى بېجىرىدىغان ئامما تېلېفون، ۋېيشىن قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسى، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ نوپۇس دەپتىرىنىڭ ئىچكى بېتى، كىملىكى قاتارلىق ماتېرىياللارنى مەھەللە خەلق ساقچىسىغا يەتكۈزۈپ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگەندىن كېيىن، پوچتىدىن يەتكۈزۈش ياكى مەھەللە(كەنت) ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، مەھەللە ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ ئالاقىدار ماتېرىياللارنى نوپۇس تۇرۇشلۇق جايىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى نوپۇس ئىشلىرى كۆزنىكىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق بېجىرسە بولىدۇ، خىزمەتچى خادىملار تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، نوپۇس يۆتكەش ئىسپاتى تارقىتىپ بېرىدۇ، ئاندىن يەنە پوچتىدىن يەتكۈزۈش شەكلىدە ياكى مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، پۈتۈن مۇساپىدە «ئۇچراشماي» بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرغاندا، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئورگىنىغا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تاپشۇرۇپ، مەكتەپكە كىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، نوپۇس يۆتكەش ئىسپاتىنى مەكتەپنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش ئورگىنىغا تاپشۇرىدۇ، يۆتكەش ئىسپاتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ لاياقەتلىك ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، مەكتەپ نوپۇس باشقۇرۇش ئورۇنلىرى نوپۇسقا ئېلىش رەسمىيىتىنى بىرتۇتاش بېجىرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تۆت يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۈچ، سانجى ئوبلاستىدا بىر (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كىرگەن). ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 472، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 114، جەمئىي 586.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىزنىڭ يەنىلا قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە 300دىن ئارتۇق ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى بار، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار يەنىلا يېڭىدىن كۆپىيىۋاتىدۇ، يەنە 9000دىن ئارتۇق ئادەم تېببىي كۆزىتىلىۋاتىدۇ. بىز جەزمەن سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەنىلا كەسكىنلەشكەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ چاغدا، ئىدىيە جەھەتتىكى ھەرقانداق بوشاڭلىق، ھەرىكەت جەھەتتىكى ھەرقانداق بېپەرۋالىق ۋىرۇسنىڭ ھۇجۇمغا يانتاياق بولغانلىق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىك بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان تىرىشچانلىقلارنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن.

بۇ مەزگىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت ئامما چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش ـ ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چىدىۋېتەيلى، يەنە چىدىۋېتەيلى!

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، بىخۇدلۇق قىلماي، بوشاڭلىق قىلماي، بېپەرۋالىق قىلماي، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرەيلى.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇنجى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى دوكلات قىلىنغاندىن بۇيان، كۈندىلىك يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ تۇنجى قېتىم نۆل بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىغا دائىر دوكلاتتۇر.

نۆل ئېشىش نۆل خەۋپ ـ خەتەرگە تەڭ ئەمەس. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، بەلگىلىك ئېنىقسىزلىققا ئىگە، قايتا كۆرۈلۈش بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. نۆۋەتتە يەنىلا 9000دىن ئارتۇق يېقىندىن ئۇچراشقۇچى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتىدۇ، يەنە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 126 يۇقۇملانغۇچى بار، كەلگۈسى بىرنەچچە كۈندە داۋاملىق يېڭىدىن دوكلات قىلىنغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

تاڭ نۇرى قانچە يېقىنلاشقانسېرى، بېپەرۋالىق قىلىشقا شۇنچە بولمايدۇ. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى مەھەللىلەر تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىلمىي، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىشى؛ كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى ھوشيارلىقنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئۆزىنى مۇداپىئەلىنىشنى ئىلمىي ياخشى قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلەپلىرىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، قاتتىق رىئايە قىلىشى، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ھەرگىز يوققا چىقارماسلىقى كېرەك.